# ئەگەر بىز ئىگىزلىككە چىقساق: ئاللاھۇ ئەكبەر، پەسكە چۈشسەك: سۇبھانالله دەيتتۇق

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر بىز ئىگىزلىككە چىقساق: ئاللاھۇ ئەكبەر، پەسكە چۈشسەك: سۇبھانالله دەيتتۇق. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە قوشۇنلىرى قاچانكى بىرەر داۋانغا ئۆرلىسە: ئاللاھۇ ئەكبەر، پەسكە چۈشسە: سۇبھانالله، دەيتتى
[ھەدىس ئىككىلا ئىسناد بىلەن سەھىھ] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئۇستۈنگە ئۆرلىگەندە ۋە يۇقىرى ئورۇنلارغا چىققاندا تەكبىر ئېيتىش ئىنسان قەلبىگە ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىش، چۈنكى يۇقىرىغا چىققان كىشىدە چوڭلۇق تۇيغۇسى ئىپادىلىنىدۇ، ئۆزىدە بىر خىل كاتتىلىقنى ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاددى، ئەرزىمەس ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ كاتتىدۇر دەيدۇ، ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى بولسا ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىدىن كاتتىدۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرى ئورۇنغا ئۆرلىگەن كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىنى ئەسلىشى يولغا قويۇلغان) ئۆزىنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىگەنلىكىگە تەشەككۇر ئېيتىش ئۈچۈن ۋە ئاللاھنىڭ پەزلىنى زىيادە قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىدۇ. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشكەندە تەسبىھ ئېيتىشتىكى سەۋەب: يۇقىرىدىن تۆۋەن تارچىلىق بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن تۆۋەنگە چۈشكەندە تەسبىھ ئېيتىش يولغا قويۇلغان، چۈنكى تەسبىھ ئېيتىش بىلەن قىسىنچىلىق يوق بولىدۇ. يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكىدىمۇ يۇنۇس ئەلەيھىسسالام زۇلمەتتە تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتقان، ئاللاھ تائالا ئۇنى بۇ غەمدىن قۇتقۇزغان، تۆۋەنگە چۈشۈش بولسا خارلىققا يېقىن، شۇڭا تۆۋەنگە چۈشكەندە سۇبھانالله دەيدۇ، ئاللاھ تائالا بارلىق ئەيىپ-نۇقسانلاردىن، تۆۋەن بولۇشتىن پاكتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدىدۇر. شۇنىڭدەك ئايروپىلاننىڭ ھاۋاغا ئۆرلىشى ۋە تۆۋەنگە ياكى زېمىنغا چۈشۈشىنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق تۇرۇغلۇق، ئايرۇپىلان يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە تەكبىر، ئايدۇرۇمغا چۈشكەندە تەسبىھ ئېيتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا توغرا ئىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6206

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee